يېڭى بىلىم كۇتۇپخانىسى

—— بالىلار بىلىم خەزىنىسى



# گۈزەل شەھەرلەر



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى


ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يېڭى بىلىم كۇتۇپخانىسى

ـــ بالىلار بىلىم خەزىنىسى

# گۈزەل شەھەرلەر



تەرجىمە قىلغۇچى: مۇتەللىپ مەمتىمىن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

丛 书 名　新知识图书馆·幼幼知识全库
书　　名　美丽的城市
翻　　译　穆泰力甫·买买提明
责任编辑　买哈巴·买买提
校　　对　克尤木·吐尔逊
封面设计　党红
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　　编　830000
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆新华华龙印务有限责任公司
开　　本　787mm×1092mm　1/24
印　　张　4
版　　次　2009 年 7 月第 1 版
印　　次　2009 年 7 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-80744-940-9
定　　价　12.00 元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com







# مۇندەرىجە



شەھەرنىڭ پەيدا بولۇشى ......... 1




دۇنيادىكى شەھەرلەر .......... 27



شەھەر تەكشۈرۈش ............... 63


www.uyghurkitap.com



# شەھەرنىڭ پەيدا بولۇشى

# ئوۋچىلىق دەۋرى

تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋردە، ئىنسانلار كۆچۈپ يۈرۈپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى، چېدىرلاردا تۇراتتى. ياۋايى ھايۋانلارنىڭ كۆچۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارمۇ توختىماستىن كۆچۈپ تۇراتتى.



بۇ قەبىلىدىكى كىشىلەر يېمەكلىك ئىزدەپ ناھايىتى ئۇزۇن يول يۈردى. ھازىر ئۇلار دەريا بويىغا چېدىر تىكىپ دەم ئېلىشقا تەرەددۇت قىلماقتا.




ئەرلەر ئوۋ ئوۋلاش ۋە بېلىق تۇتۇشقا، ئاياللار بىلەن بالىلار ياۋا مېۋە - چېۋە، موگۇ ۋە قۇش تۇخۇملىرىنى يىغىپ كېلىشكە مەسئۇل بولاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئەڭ دەسلەپكى كەنت

ئۇزاق ۋاقىتلاردىن كېيىن، كىشىلەر كۆچمەنلىك تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىپ، ئورمان ياقىلىرىغا كەنتلەرنى قۇرۇپ ئولتۇراقلاشقان.




ئۇلار ئەڭ دەسلەپكى دېھقانلار بولۇپ، باقىلە، پۇرچاق، بۇغداي تېرىش ھەمدە قوي، ئۆچكە ۋە چوشقا بېقىشنى ئۆگەنگەن.




ئۇلار ياغاچ، سېغىز توپا ۋە پاخاللاردىن ياسالغان كەپىلەردە ئولتۇراتتى. يېمەكلىكلەرنى باشقا ھايۋانلارنىڭ ئوغرىلىقچە يەۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كەپىنىڭ ئېگىز جايىغا ئورۇنلاشتۇرغان ياغاچ تاختا ئۈستىگە قويۇپ ساقلايتتى.

# گاللولارنىڭ قەلئەسى

گاللولار ئۆز زېمىنىنىڭ ئەتراپىغا ياغاچ - تاشلار بىلەن قېلىن سېپىل قوپۇرۇپ، ئۆز قەلئەلىرىنى قوغدىغان.



قەلئە ئىچى ناھايىتى ئاۋات بولۇپ، نۇرغۇن رايونلارغا ئايرىلغان. سىز بۇ رەسىمدىن تۆمۈرچى، ياغاچ ئىدىش ياسىغۇچى، بازار ۋە ئاشلىق ئامبىرىنى تاپالامسىز؟



كىچىك بالىلار ئويۇن تېپىپ ئوينىسا، چوڭراق بالىلار ئاتا - ئانىلىرىغا ياردەملىشىپ ئىش قىلاتتى.




گاللولار درۇئىد دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. درۇئىد دىنىنىڭ كاھىنى پوپ ۋە دوختۇرنىڭ رولىنى ئۆتىگەن بولۇپ، قەلئەدىكى ئەڭ مۇھىم ئادەم ئىدى.

www.uyghurkitap.com

گاللولاردا نۇرغۇن قولى گۈل ھۈنەرۋەنلەر ۋە باي سودىگەرلەر بولغان. ئۇلار يارماق، كۈمۈش ئالتۇنلاردىن تەڭگە پۇل ياساپ سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا ئىشلەتكەن.



قول ھۈنەرۋەنلەر ياغاچ ئىدىش، ساپال قاچا، تۆچ ۋە تۆمۈر قوراللارنى ياسايتتى. ئۇلار يەنە قوي يۇڭىدىن رەختلەرنى توقۇيتتى، ئەينەكتىن زىننەت بۇيۇملىرىنى قۇيۇپ چىقاتتى.



بىر گاللو ئادىمى لىق بۇغداي بېسىلغان كالا ھارۋىسىنى ھەيدەپ كۆۋرۈكتىن ئۆتمەكتە. كېمە سۆرىگۈچىلەر بىر تۈك پېۋە ۋە بىرقانچە يىمەكلىك مېيى بېسىلغان قېيىقنى قىرغاققا تارتىپ چىقارماقتا.

# قەدىمكى رىملىقلارنىڭ شەھىرى

رىملىقلار ئۆينى تاشتىن قوپۇرۇپ، ئۆگزىنى يېپىشقاق توپىدا ياسالغان كاھىشتا ياپاتتى. قەدىمكى رىملىقلارنىڭ شەھىرىدە ئۆزئارا تۇتاشقان قاتار - قاتار شەھەر كوچىلىرى بار ئىدى.



بازار كۈنى، بولكىچى، ساتىراش ۋە كۈلالچى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆز يايمىلىرىنى يېيىپ ئولتۇرۇشاتتى. قاراڭ، كۆكتات ساتقۇچى تارازىدا كۆكتات جىڭلىماقتا.




قەدىمكى رىملىقلار ئۆستەڭ ياساپ ئۆيلىرىنىڭ ئالدىدىكى فونتانلارغىچە سۇ باشلىغان بولۇپ، ئادەتتە شۇ يەردىن سۇ ئېلىپ ئىچەتتى.





مەكتەپتە بالىلار تۆمۈر تاياقچە ئارقىلىق شام سۈرۈلگەن ياغاچ تاختىغا خەت يازاتتى.

www.uyghurkitap.com


قەدىمكى رىمدا دۇئا ـ تىلاۋەتخانا (① رەسىم)، تىك تۆت تەرەپلىك شەكىلدىكى ئەگمە تورۇسلۇق
رىدورلۇق باش چېركاۋ (② رەسىم)، يۇملاق شەكىللىك ئۈستى ئوچۇق تىياتىرخانا (③ رەسىم)، ئاممىۋى
مۇنچا (④ رەسىم) قاتارلىقلار بىر چوڭ مەيداننى چۆرىدەپ سېلىنغان. بۇ مەيدان قەدىمكى رىمنىڭ شەھەر
مەيدانى ھېسابلىناتتى.




قەدىمكى رىملىقلار شۇ مەيداندا سەيلە قىلاتتى، توپلىشىپ پاراڭلىشاتتى. ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى بولسا چېركاۋنىڭ ئەگمە
تورۇسلۇق كارىدورىدا سايىدىسا، يامغۇرلۇق كۈنلەردە ئۇ يەردە دالدىلىناتتى.



يۇملاق شەكىللىك ئۈستى ئوچۇق تىياتىرخانىدا دائىم
ئىككى چاقلىق ئات ھارۋىسى بەيگىسى ئۆتكۈزۈلەتتى، گلادىـ
ياتورلارنىڭ ئېلىشىش ئويۇنىمۇ مۇشۇ يەردە كۆرسىتىلەتتى.



قەدىمكى رىملىقلار ئاممىۋى مۇنچىدا يۇيۇنۇشنى ياخشى
كۆرەتتى. ئىسسىق ھور مۇنچا تېمىدىكى تۇرۇبا ئارقىلىق
ئۈزلۈكسىز ئايلىنىپ، كۆلچەكتىكى سۇنى ئىسسىتىپ تۇراتتى.

# ئوتتۇرا ئەسىردىكى قەلئەلەر

ئوتتۇرا ئەسىردە قۇرۇلغان قەلئەلەرنىڭ ئېگىز ھەم ھەيۋەتلىك سېپىل تاملىرى بار ئىدى. ئۇ چاغدا، سودىگەرلەر قەلئەگە كىرىپ سودا قىلغاندا، چوقۇم «شەھەرگە كىرىش بېجى» تاپشۇراتتى.



قەلئەدە بىر قەدەر باي پۇقرالار تاشتىن سېلىنغان ئۆيلەردە، كەمبەغەللەر بولسا ياغاچ ئۆيلەردە ئولتۇراتتى. شۇڭا، كەمبەغەللەرنىڭ ئۆيلىرىگە دائىم ئوت كېتىپ تۇراتتى. بۇ يەردە ھەممە كىشىلا دېرىزىلىرىگە ئەينەك بېكىتەلمەيتتى. ھاۋا سوۋۇشى بىلەن، دېرىزىسى ئەينەكسىز ئائىلىلەر ياغاچتىن ياسالغان پەنجىرە تاختىسى ئورنىتىش ئارقىلىق سوغۇقنى توسۇيتتى. ئادەمنى شۈركەندۈرىدىغىنى شۇكى، قەلئە سىرتىغا ئېگىز دارلار ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن جىنايەتچىلەر ئېسىپ قويۇلاتتى.


كىشىلەر ئەخلەتلەرنى كوچىغا قالايمىقان تاشلىغاچقا، كوچىلار ناھايىتى مەينەت ئىدى. كوچا يوللىرى يول بولغاچقا، يامغۇر ياغقاندا پاتقاق بولۇپ كېتەتتى. بىر قىسىم ئائىلىدە بېقىلىدىغان ھايۋانلار بۇ مەينەت كوچىلاردا ئۆزۈقلۇق ئىزدەپ يۈرۈشەتتى.




قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە سودىگەرلەر ئۆزى شۇغۇللىنىدىغان كەسىپلەر بويىچە توپلاشقان بولغاچقا، قەلئەدە بولكىچىلار كوچىسى، بېلىقچىلار كوچىسى، كۆلاچىلار كوچىسى قاتارلىق كوچىلار پەيدا بولغانىدى. بەزى قەلئەلەردە كىشىلەر توپلىشىپ سودا ئېلىپ باراتتى، بۇنىڭ بىلەن بازار شەكىللەنگەنىدى. كىشىلەر بازاردا ھەسەل، ئۈزۈم ھارىقى، ئېرىمچىك، ئالما، كىيىم - كېچەك، خۇرۇم ماللار، تاۋارلار، چەرچىنماللار ۋە كۆمۈر قاتارلىق نەرسىلەرنى ساتاتتى.

# چىركاۋ سېلىش

تاش سىلىقلاش ئىشچىسى، تامچى، ياغاچچى ۋە رەڭلىك ئەينەك ئىشلەش ئۇستىلىرى ھەرقايسى جايلاردىن كېلىپ بىرلىكتە چىركاۋ ياسايتتى.



خەت تونۇمايدىغان مۇرىتلار رەڭلىك ئەينەكتىن چىقىرىلغان شەكىللەر ئارقىلىق ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىننى چۈشىنەتتى.




چىركاۋ ئۆگزىسىنىڭ لەمپىسىگە يېغىلىپ قالغان يامغۇر سۈيىنى ئاققۇزىدىغان يوچۇق ئېچىپ قويۇلاتتى. ئالۋاستىلارنى قاچۇرۇش ئۈچۈن، بۇ جايغا ھەيكەلتىراشلار قورقۇنچلۇق مەخلۇقلارنىڭ شەكلىنى ئويۇپ قوياتتى.




ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قەلئەلەرنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىشى

ئوتتۇرا ئەسىردە، قەلئەلەر ئارا دائىم ئۇرۇش بولۇپ تۇراتتى، كەڭ كۆلەمدە يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقىلاتتى. بۇ بەختسىزلىكلەر بىلەن كەمبەغەللەرنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق هالغا چۈشۈپ قالاتتى.



قەلئە دۈشمەن تەرىپىدىن قورشىۋېلىندى، كىشىلەر شەھەرگە قاپسىلىپ قالدى. ئوزۇق ئۆتمەي، يېمەكلىك يېتىشمەي ئاچارچىلىق باشلاندى.




چۇما — بىر خىل قورقۇنچلۇق يۇقۇملۇق كېسەللىك، ئەينى ۋاقىتتا، كىشىلەر بۇ كېسەلنى قانداق داۋالاشنى بىلمەيتتى. ئوتتۇرا ئەسىردە، چاشقاندىن تارقىلىدىغان بۇ خىل كېسەل نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ هاياتىغا زامىن بولغان. ئۇ چاغلاردا كىشىلەر چۇمانىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بىمارنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە كرېست بەلگىسى سىزىپ قويۇپ، كىشىلەرنىڭ كىرمەسلىكىنى ئاگاهلاندۇراتتى.

# قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى شەھەرلەر

بۇ دەۋردىن باشلاپ شەھەرلەر گۈزەللىشىشكە باشلىدى. كىشىلەر تۈپتۈز چوڭ كوچىلارنى ۋە كەڭرى مەيدانلارنى ياسىدى. تاشتىن ياسالغان ئۆيلەر بارغانچە كۆپەيدى.



پادىشاھ ۋە فېئوداللار ئارختېكتور (بىناكار) لارغا ئۆزلىرى ئۈچۈن ھەشەمەتلىك ئوردا – قەسىرلەرنى سالدۇرۇپ، ئىچىنى نەپىس ماي بوياق رەسىم ۋە ھەيكەللەر بىلەن بېزىدى، ئەتراپىغا چىرايلىق گۈللۈكلەرنى بەرپا قىلدى.



شەھەر باشقۇرغۇچىلىرى شەھەر مەمۇرىيىتى بىناسىغا يىغىلىپ يىغىن ئۆتكۈزىدىغان بولدى. شەھەر مەمۇرىيىتى بىناسىغا مېخانىك سائەت ئورنىتىلىپ، بۇرۇنقى قۇياش سائىتىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى (قۇياش سائىتى كۈن نۇرىنىڭ سايىسىدىن پايدىلىنىپ ۋاقىت ھېسابلايدىغان قورۇلما).

# شەھەر ئاھالىسىنىڭ سۇ ئىشلىتىشى

كىشىلەر ياغاچتىن ياسالغان غايەت زور سۇ پومپىسى ئارقىلىق دەريادىن سۇ تارتىپ سۇ ساقلاش كۆلچەكـلىرىگە قاچىلىۋالاتتى. بۇ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى زور ئىلگىرىلەش بولۇپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا قۇلايلىق ئېلىپ كەلگەن.



لېكىن، شەھەردىكى ھەممىلا جايدا سۇ ساقلاش كۆلچىكى بولمىغاچقا، سۇ ساقلاش كۆلچىكىگە يىراق ئاھالىلەر چېلەكتە سۇ توشۇپ ئىشلىتەتتى.



شەھەردە بىر قىسىم ياغاچ ئۆيلەر بولۇپ، كونىرىغانسېرى ئاسان ئوت كېتىدىغان بولۇپ قالدى. كىشىلەر ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرىغا ياردەملىشىپ قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرىدىغان سۇ پومپىسى ئارقىلىق سۇ تارتىپ ئوت ئۆچۈرەتتى.

# فېئودال ۋە ئەركىن پۇقرا

فېئودال ۋە ئەركىن پۇقرالار يول يۈرگەندە، تۆت چاقلىق ئات ھارۋىسى ياكى ئىككى كىشىلىك تەخىتىراۋانلاردا ئولتۇراتتى. بەزىدە يولدا ئېغىر قاتناش قىستاڭچىلىقمۇ يۈز بېرەتتى.



كوچىنىڭ ئوتتۇرى زەيكەش بولغاچقا، كىشىلەر ئاياغ ۋە كىيىملىرىنى پاسكىنا سۇنىڭ مەينەت قىلىۋېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ماڭاتتى.



كېچىسى كىشىلەر پانۇس ئىشلىتەتتى. بىرقەدەر قاراڭغۇ كوچىلاردا ئەركىن پۇقرالارنى پانۇس بىلەن ئۆيگە ئاپىرىپ قويىدىغان كىشىلەر بولۇپ، بۇ پانۇسچىلار قۇم سائەت ئارقىلىق ۋاقىت خاتىرىلەپ ھەق ئالاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مەيداندىكى ئويۇنلار

سىرك ئۆمىكىدىكى ئارتىسلار ھايۋانلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۇ شەھەردىن بۇ شەھەرگە يۆتكىلىپ ئويۇن قوياتتى. قاراڭ، ئۇلار مەيداندا سەھنە ھازىرلىدى.




بىر بىلەن ئانىي ھايۋانلارنىڭ ئويۇننى كۆرۈشكە ئالدىراپ كېتىشتى. بىلىنىڭ قولىدا ئويۇنچۇق چاقپەلەك، ئانىسىنىڭ قولىدا مارۇژنا ۋە پېچىنە بولۇپ، ئوماق ۋە ئەقىللىق ھايۋانلار ئۇلارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالدى.



ئارتىسلار نىقاب تاقاپ ھەييارلىق ئويۇنى كۆرسەتمەكتە.

# قاتناش ۋە سودا

قاتناش قوراللىرى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، شەھەرلەردە پوچتا هارۋىلىرى بارلىققا كەلگەن. ئەڭ دەسلەپكى پوچتا هارۋىسى ئات هارۋىسى بولۇپ، ئۇ ئوخشىمىغان شەھەرلەر ئارىسىدا قاتنايتتى.



پوچتا هارۋىسى يولۇچىلار ۋە پوچتا يوللانمىلىرىنى توشۇيتتى. بۇ پوچتا هارۋىسى پوچتا بېكىتىگە كەلدى، يولۇچىلار هارۋىدىن چۈشمەكتە، بىرقانچەيلەن پوچتا يولانمىلىرىنى چۈشۈرمەكتە، بىرەيلەن پوچتا هارۋىسىنىڭ ئېتىنى ئالماشتۇرماقتا.



كىشىلەر پاراخوت ئارقىلىق هىندىستان ۋە ئامېرىكىدىن قەهۋە، شاكىلات، شېكەر قومۇشى ۋە پاختا قاتارلىق نۇرغۇن ماللارنى ئېلىپ كېلەتتى.



ئىشچىلار پاختىدىن رەخت توقۇپ چىقاتتى. ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ خىزمەت ماشىنا ئارقىلىق تاماملىنىدىغان بولدى.

# كىچىك كەسىپلەر

شەھەر كوچىلىرىدا نۇرغۇن ئوقەتچى ۋە ھۈنەرۋەنلەر بولۇپ، ئۇلار مال ۋە جابدۇقلىرىنى ئېلىپ يۈرىدۇ.



ئاپېلسىن ساتقۇچى: «پورتۇگالىيە تاتلىق ئاپېلسىنى!» دەپ توۋلىسا، يامغۇر يېغىشقا باشلىغاندا كۈنلۈك ساتقۇچى: «يامغۇر ياغدى! كۈنلۈك ئېلىڭلار!» دەپ ۋارقىرايتتى. كىشىلەر كوچىدىن يەنە توخۇ پېيىدىن ياسالغان چوتكا ۋە سۈپۈرگىلەرنى سېتىۋالالايتتى.



تۇرخۇن تازىلاش ئىشچىلىرىنىڭ جۈغى ئادەتتە كىچىكرەك بولىدۇ. ئۇلار تۇرخۇنغا كىرىپ تۇرۇپ كۈل تازىلايتتى. چاشقان تۇتقۇچىلار چاشقان ئۇۋىسىنى تېپىپ چاشقان يوقىتاتتى. ئەگەر خەت تونۇمايدىغان كىشىلەر بولسا، پۈتۈكچىلەردىن ياردەم سورىسا بولاتتى، ئۇلار كىشىلەرنىڭ ھەرخىل ھاجىتىدىن چىقاتتى.



www.uyghurkitap.com

# پويىز قاتنىغان شەھەرلەر

2 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، شەھەر كوچىلىرىنىڭ ئاستىغا سۇ چىقىرىش تۇرۇبا يولى ياتقۇزۇلغان. پاسكىنا سۇلار يۇندى يولى ئارقىلىق يەر ئاستىدىن ئېقىپ كەتكەچكە، شەھەر مۇھىتىنى بۇلغىمايدىغان بولغان.



پويىز ئىستانسىسى ئەتراپىدا ئاممىۋى ئات هارۋىلىرى، كىرا قىلىنىدىغان ئىككى چاقلىق ۋە تۆت چاقلىق ئات هارۋىلىرى يولۇچىلارنى ساقلاپ تۇرۇشاتتى. يوللاردا دائىم قاتناش قىستاڭچىلىقى بولۇپ تۇراتتى. كىشىلەر يول يۇرۇشكە قولايلىق بولۇش ئۈچۈن بىر خىل يېڭى قاتناش قورالى ـــ يەر ئاستى تۆمۈريولىنى قۇرۇپ چىقتى.

www.uyghurkitap.com

# باشقا كىچىك كەسىپلەر

شەھەر كوچىلىرى بارغانچە ئاۋاتلىشىپ، ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ خىزمەت قىلىدىغان بولغان.





گېزىت ساتقۇچى بالا كوچىلاردا ۋارقىراپ يۈرۈپ گېزىت ساتاتتى. ساقچىلار ئاھالىلەرنىڭ ئامانلىقىنى قوغدايتتى. تازىلىق ئىشچىلىرى يوللارغا چۈشكەن يوپۇرماقلارنى تازىلاشقا مەسئۇل ئىدى.






ياش قىز ـ چوكانلار لېنتا، بىلەزۈك ۋە گۈللەرنى ساتاتتى. چىراغ يېقىشقا مەسئۇل ئادەم يول بويىدىكى كىرسىن لامپىلارنى ياندۇراتتى.

# تۆت قەۋەتلىك ياتاق بىناسى

شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى. كىشىلەر كېچىسى كىرسىن چىراغ يېقىپ ئولتۇرىدىغان، قىش كۈنلىرى ئوچاققا ئوت يېقىپ ئىسسىنىدىغان بولدى.



بۇ تۆت قەۋەت (ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى بالىخانا بىلەن يەر ئاستى ئۆيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىنا بىر باي كاپىتالىستنىڭ ئۆيى. ئۇلار بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىككىنچى قەۋەت بىلەن ئۈچىنچى قەۋەتتە ئولتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر چوڭ مۇنچىسى ۋە تۆمۈردىن ياسالغان بىر ۋاننىسى بار. لېكىن، تۇرۇبا سۇيى بولمىغاچقا، چېلەك بىلەن سۇ توشۇپ ئىشلىتىدۇ.

ئۇلارنىڭ خىزمەتكارى ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى كىچىك بالىخانىدا ياتىدۇ.

تۆتىنچى قەۋەت بىر ئىشچى ئائىلىسىگە ئىجارىگە بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلار ئادەتتە ئاممىۋى مۇنچىغا بېرىپ يۇيۇنىدۇ.

دەرۋازىۋەنىنىڭ ئۆيى بىرىنچى قەۋەتتە بولۇپ، ئۇلار ھەر كۈنى پەشتاق ۋە بىنانىڭ ئالدىدىكى يولنى سۈپۈرۈپ تازىلايدۇ.

يەر ئاستى ئۆيدە كۆمۈر ساقلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# بازار

شەھەر مەركىزىدىكى چوڭ ماگىزىندا بەزىلەر نەرسە سېتىۋالسا، بەزىلەر تاماشا قىلىپ ئايلىنىپ يۈرمەكتە.




ھەر كۈنى ئەتىگەندە، سەھرادىن ئېلىپ كېلىنگەن گۆش، كۆكتات، مېۋە، تۇخۇم، ئىرىمچىك، سۈت، سېرىقماي، گۈل قاتارلىق ھەرخىل ماللار بازاردا يېيىپ سېتىلاتتى.



كىشىلەر چوڭ ماگىزىندىن ئۆزىگە كېرەكلىك ھەر خىل ماللارنى سېتىۋالالايتتى. مەسلەن، رەخت، كىيىم، ئۆي جاھازلىرى، قازان ـ قومۇچ قاتارلىقلار. ئۇلار سېتىۋالغان نەرسىلىرىنى ئۆزى ئېلىپ كەتمىسىمۇ بولاتتى، مال يەتكۈزۈپ بەرگۈچىلەر ئۇلارنىڭ مېلىنى ئۆيلىرىگىچە ئاپىرىپ بېرەتتى.

# شەھەردە ئىشلەيدىغان ئىشچىلار

شەھەر سىرتىغا بىر قىسىم زاۋۇتلار قۇرۇلغان بولۇپ، نۇرغۇن دېھقانلار بۇ يەرگە كېلىپ خىزمەت ئىزدەيتتى.



بەزى كەمبەغەل ئائىلىنىڭ بالىلىرىمۇ زاۋۇتقا بېرىپ ئىشلەپ، ئائىلىسى ئۈچۈن ئاز بولسىمۇ پۇل تېپىپ كېلەتتى.



ئىشچىلار زاۋۇت ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر رايونىدا ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ناھايىتى كىچىك بولۇپ، ئادەتتە ئىشكى ئالدىدا كىچىك گۈللۈكى بولاتتى، لېكىن، ئۇلار گۈللۈككە ھەر خىل كۆكتاتلارنى تېرىيتتى.

www.uyghurkitap.com

# دەم ئېلىش كۈنى


دەم ئېلىش كۈنى يېتىپ كەلگەندە، كىشىلەر دائىم باغچىغا بېرىپ ئارام ئالاتتى. ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى كىشىلەر يەنە باغچىدا دالا تامىقى قىلىپ يېيىشەتتى.



باغچىدا ئادەتتە كۆل بولاتتى، كىشىلەر كۆلدە قېيىققا ئولتۇرۇپ تاماشا قىلاتتى. كىچىك باللار ئايلانما ياغاچ ئاتقا مىنىپ ئوينايتتى، چوڭراق باللار بولسا مۇزىكا ئەترىتىنىڭ مۇزىكىسىدىن ھوزۇرلىناتتى.



قەھرىتان قىش كۈنلىرى كۆلدە قېلىن مۇز توڭلاتتى. باللار بۇ يەردە مۇز تېيىلىپ ئوينىماقتا.



ھايۋانات باغچىسىدا، باللار ھايۋانلارنى تاماشا قىلماقتا. بۇ ھايۋانلارنى ئېكسپېدىتسىيىچىلەر دالا تەكشۈرۈشىدە ئېلىپ كەلگەن.

# بۈگۈنكى شەھەرلەر


بۈگۈنكى كۈندە شەھەرلەرنىڭ كۆلىمى بارغانسېرى كېڭەيدى. ئىلگىرىكى كونا زاۋۇت ۋە ئۆيلەرنىڭ ئورنىنى پولات چۋنقلىق بېتون بىنالار ئىگىلىدى.





زاۋۇتلار شەھەر سىرتىغا مەركەزلەشكەن. كېچىسى كوچىلار ناھايىتى ئاۋات بولۇپ، چاقناپ تۇرغان ھەر خىل رەڭلىك چىراغلار كۆزنى قاماشتۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاپتوموبىللارنىڭ چىقارغان گازى ۋە زاۋۇتلاردىن چىققان كىرەكسىز گازلار مۇھىتنى بۇلغايدۇ. ئاپتوموبىللارنىڭ كۆپىيىشى ۋە سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ھاۋانىڭ بۇلغىنىشى بارغانچە ئېغىرلاشتى. كىشىلەر ئاپتوموبىللاردىن چىققان كىرەكسىز گازنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئاھالىلەرنى ئاممىۋى قاتناش قوراللىرىدا ئولتۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى.






بۇلغىنىش ئېغىر بولغان بەزى شەھەرلەردە، پىيادە ماڭغان ۋە ۋېلسىپىت مىنگەن كىشىلەر ھاۋانى سۈزۈپ نەپەسلىنىش ئۈچۈن ماسكا تاقىۋالىدۇ.



شەھەرنىڭ بەزى كوچىلىرىدا پەقەت پىيادىلەرنىڭ مېڭىشىغىلا يول قويۇلىدۇ، بۇ كوچىلار پىيادىلەر كوچىسى دېيىلىدۇ. پىيادىلەر كوچىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە دەل - دەرەخ ۋە چىملىقلار بولىدۇ.


# ھەرقايسى دەۋرلەردىكى قاتناش قوراللىرى

شەھەردە ئادەم، ئات ـ ھارۋىلار كۆپ بولۇپ، ناھايىتى ئاۋات بولىدۇ. سىز تۆۋەندىكى ئوخشاشمىغان دەۋرلەردىكى ئادەملەر بىلەن قاتناش قوراللىرىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرالامسىز؟




جاۋابى: ①C، ②B، ③D، ④E، ⑤A، ⑥F.

www.uyghurkitap.com



دۇنيادىكى شەھەرلەر

# دۇنيادىكى شەھەرلەر

تۆۋەندىكى دۇنيا خەرىتىسىگە بۇ كىتابتا تونۇشتۇرۇلىدىغان شەھەرلەرنىڭ نامى ۋە بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن.



www.uyghurkitap.com

سىز ئېيففېل مۇنارى، ئەركىنلىك ئايال ئىلاھى، چوڭ بېن سائىتى، كوركوۋادو خرىستىئان ھەيكىلى ئەلئېھرام قاتارلىقلارنىڭ قايسى شەھەرلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟



# پارىژ (فرانسىيە)

پارىژ ــ فرانسىيەنىڭ پايتەختى. بۇ بىر قەدىمىي شەھەر بولۇپ، گاللولار دەۋرىدىمۇ بار ئىدى. ئۇ چاغدىكى پارىژ دەريا بويىدىكى بىر كىچىك بازار بولۇپ، «رۇدېرىس» دەپ ئاتىلاتتى.



14 ـ ئىيۇل فرانسىيەنىڭ دۆلەت بايرىمى كۈنى، بارلىق كىشىلەر چەنپس ئېلىسېس (Champs Elysees) كوچىسىغا يىغىلىپ، بۇ قۇتلۇق بايرامنى تەبرىكلىشىدۇ. فرانسىيە زۇڭتۇڭى ھەربىي پاراتنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ.



ئېيففېل مۇنارىنىڭ ئېگىزلىكى 300 مېتىر، كىشىلەر 1710 بالداق پەلەمپەي ياكى لىفت ئارقىلىق مۇنارنىڭ چوققىسىغا چىقالايدۇ.




ئوتتۇرا ئەسىردە، كىشىلەر سېنا دەرياسىدىكى سىتاي ئارىلىغا پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋىنى قۇرۇپ چىققان. بۇ مەشھۇر تاش قۇرۇلۇش بولۇپ، ئىلگىرى نۇرغۇن مۇھىم پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلگەن.

ئىلگىرى، لوۋىر سارىيى فرانسىيە پادىشاھىنىڭ ئوردىسى ئىدى، ھازىر ئۇ دۇنياغا مەشھۇر مۇزېي بولۇپ قالدى.



كىشىلەر لوۋىر سارىيى ئالدىدىكى ئەينەك پىرامىدا ئارقىلىق سارايغا كىرىدۇ. ھەر يىلى نەچچە مىليون ساياھەتچى بۇ يەرگە كېلىپ داۋىنچىنىڭ داڭلىق رەسىمى «مونالىزا» نى كۆرىدۇ.



سېينا دەرياسى كۆۋرۈكى پارىژدىكى ئەڭ قەدىمكى كۆۋرۈك. بەزى كونا كىتاب ساتقۇچىلار سېينا دەرياسى پورتىدا كونا كىتابلارنى ساتىدۇ.



مونتمارترې (Montmartre) ئېگىزلىكىدىكى كىچىك مەيداندا پېئىر بىر ھەجۋىي رەسسامغا ئۆزىنىڭ رەسىمىنى سىزدۇرۇۋاتىدۇ. سىزنىڭچە، ئۇ ئوخشىتىپ سىزىپتىمۇ؟

# ۋېنتسىيە (ئىتالىيە)

ۋېنتسىيە ھالقىسىمان مارجان تاشلار ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، دۇنياغا مەشھۇر سۇ ئۈستى شەھىرى. ئۇ يەردە كوچىلار يوق، پەقەت سۇ يوللىلا بار، كىشىلەر سىرتقا چىققاندا ئاپتوموبىلغا ئەمەس، بەلكى كېمىگە ئولتۇرىدۇ.





ۋېنتسىيەدە گاندولا (Gondola) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل كېمە بولۇپ، ئۇنىڭ ماتورى يوق، كېمىچى بىر پالاق ئارقىلىق كېمىنى ھەيدەيدۇ. ئۇ باشقا شەھەرلەردىكى ئاممىۋى قاتناش قورالىغا ئوخشاش ۋېنتسىيەدىكى ئاساسلىق قاتناش قورالى بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «سۇ ئۈستىدىكى ئاپتوبۇس» دېيىشىدۇ.

سايىنت مارك مەيدانى ۋېنتسىيەدىكى داڭلىق جاي. يامغۇر كۆپ ياغقان چاغلاردا، دېڭىز سۈيى بۇ مەيداننى چۆكتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ئېگىز مۇنار ۋېنتسىيەدىكى ئەڭ ئېگىز قۇرۇلۇش بولۇپ، ئىلگىرى پاراخوتلارغا ماياك بولغانىدى.



ۋېنتسىيىدە ھەر خىل كېمىلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئوت ئۆچۈرگۈچىلەرنىڭ كېمىسى، سا
چىلارنىڭ كىچىك كاتېرى، تازىلىق ئىشچىلىرىنىڭ كېمىسى، يۈك توشۇغۇچىلارنىڭ كېمىسى قاتارلىقلار.





رىئالتو كۆۋرۈكى مەرمەر تاشتىن ياسالغان بىر ئۆتۈشمە كۆۋرۈك بولۇپ، ۋېنتسىيىنىڭ ئاۋات شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان. كۆۋرۈكنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن ماگىزىنلار بار. سوسپىنى كۆۋرۈكى باش ۋالىي مەھكىمىسى بىلەن تۈرمە ئارىسىغا سېلىنغان بولۇپ، ئۆتمۈشتە جىنايەتچىلەرنى ئېلىپ ماڭىدىغان بىردىنبىر يول ئىدى.

ھەر يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋېنتسىيىنىڭ شادلىق بايرىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ چاغدا، ۋېنتسىيىلىكلەر ئىتالىيىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىمىنى كىيىشىپ، ھەر خىل نىقابلارنى تاقىشىپ، خۇشاللىقتىن قانغۇچە بەھرىمەن بولىدۇ.




# لوندون (ئەنگلىيە)


لوندون ــ ئاتلانتىك ئوكياندىكى ئەڭ چوڭ ئارال دۆلەت ئەنگلىيىنىڭ پايتەختى. ئۇ دۇنيادىكى كۆكەر-تىش كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان شەھەردۇر.





چوڭ بېن سائەتى پارلامېنت بىناسى ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان چوڭ سائەتنىڭ نامى بولۇپ، بۇ سائەتنىڭ ئېغىرلىقى 14 توننا كېلىدۇ.



تايمىس دەرياسىدىن چوڭ تىپتىكى پاراخوتلار ئۆتكەندە لوندون كۆۋرۈكى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە ئايرىلىپ، ئاستا - ئاستا يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.



ھەر كۈنى سائەت 11 يېرىمدا، بۇكىڭگخام ئوردىسى ئالدىدىكى خان جەمەتى مۇھاپىزەتچىلىرى پوست ئالمىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر ئالايىتەن بۇ مۇرا-سىمنى كۆرگىلى كېلىشىدۇ.



ھەر كۈنى ئەتىگەندە، گېزىتچى باللار ۋە سۈت يەتكۈ-زۈپ بەرگۈچىلەر لوندون ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيىگە گېزىت ۋە سۈت ئاپىرىپ بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# بېرلىن (گېرمانىيە)

ئىلگىرى خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە، بېرلىننى بىر سېپىل تېمى ئىككىگە ئايرىپ تۇرغان. گېرمانىيە بىر-لىككە كەلگەندىن كېيىن، بۇ تام ئۆرۈپ تاشلىنىپ، بېرلىن گېرمانىيىنىڭ پايتەختى بولدى.



براندېنبۇرگ دەرۋازىسى بولسا بىردىنبىر ساقلىنىپ قالغان بېرلىن شەھەر دەرۋازىسىدۇر.



بېرلىن ئېيىقى بولسا بېرلىن شەھرىنىڭ بەلگىسىدۇر.



دېڭىز ئىلاھى پوسېيدوننىڭ ھەيكىلى چۆشۈرۈلگەن فونتان گېرمانىيىدىكى دەريالارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن، رېين دەرياسى، ئېلبا دەرياسى، ئودېر دەرياسى ۋە خۇئىكستلا دەرياسى قاتارلىقلار.



ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى، بەزى بېرلىنلىقلار ۋانسې كۆلى بويىغا بېرىپ ئاپتاپقا قاقلىنىدۇ ياكى سۇ ئۈزۈپ، كېمە ھەيدەيدۇ.

# ئامستېردام (گوللاندىيە)

ئامستېردام پىيادە ۋە ۋېلسىپىتلىك ساياھەت قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بېرىشنى ئارزۇ قىلىدىغان جاي. بۇ شەھەردە دەريا ـ كۆللەر ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، «شىمالدىكى ۋېنتسىيە» دېگەن نامى بار.



ئامستېردام شەھەر مەركىزىدىكى ئۆيلەر ناھايىتى قىممەت، شۇڭا كۆپ كىشىلەر «كېمە ئۆي»لەردە ئولتۇرىدۇ. بۇ «ئۆي»لەر ناھايىتى چوڭ بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ ھەتتا كىچىك گۈللۈكلىرىمۇ بار.



دامپس مەيدانىدا كىشىلەر يېقىملىق ئورگان (فىسگارمون) مۇزىكىسىدىن ھۇزۇرلانغاچ تەملىك سىلد بېلىقى يېيىشمەكتە.



بۇ چىرايلىق ئاسما كۆۋرۈكنىڭ نامى ماگوئېل كۆۋرۈكى بولۇپ، چاتما كېمە ۋە ساياھەت كېمىلىرى بۇ جايدىن ئۆتۈ-كەندە، كۆۋرۈك يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ ئېچىلىدۇ.


www.uyghurkitap.com

# موسكۋا (رۇسىيە)


كرېمل سارىيى موسكۋادىكى ئەڭ كەڭ ھەم كۆركەم قۇرۇلۇش بولۇپ، ئىلگىرىكى چار پادىشاھلارنىڭ ئوردىسى.



قىزىل مەيداندا ۋاسلى چېركاۋى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. چېركاۋنىڭ ئۈستى قىسمى پىياز بېشىغا ئوخشاش بولۇپ، ھەر خىل رەڭلەردە چىرايلىق سىرلانغان.



دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ قوڭغۇراق چار پادىشاھ قوڭغۇرىقى ئەزەلدىن چېلىنىپ باقمىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر قېتىملىق ئوت ئاپىتىدە بىر كىشى ئۇنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا سۇ چاچقان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىر بۇرجىكى پۇچۇلۇپ كەتكەن.



ئەگەر موسكۋا چوڭ تىياتىرخانىسىدا ئويۇن كۆرمەكچى بولسىڭىز، چوقۇم بالدۇر بېلەت زاكاز قىلىشىڭىز كېرەك.

# رېيكياۋىك (ئىسلاندىيە)


ئىسلاندىيىنىڭ پايتەختى رېيكياۋىك دۇنيادىكى ئەڭ پاكىز شەھەر، چۈنكى ئۇ يەردە پاكىز ئېنېرگىيە مەن-بەسى — يەر ئاستى ئىسسىقلىقىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىدۇ.



كىشىلەر يەر ئاستى ئىسسىقلىقىدىن پايدىلىنىپ تۇرالغۇ ئۆيلەر، تەنتەربىيە مەيدانلىرى ۋە كوچا يوللىرىنى پار بىلەن تەمىن-لەيدۇ. شۇڭا قەھرىتان قىش كۈنلىرىمۇ چوڭ - كىچىك كوچىلاردا قار - مۇز كۆرگىلى بولمايدۇ.



ياز پەسلىنىڭ كېچىلىرىدىمۇ كىشىلەر قۇياشنى كۆرەلەيدۇ. 17 - ئىيۇن ئىسلاندىيىنىڭ دۆلەت بايرىمى كۈنى، بۇ كۈندە ئىسلاندىيىلىكلەر ئەنئەنىۋى كىيىملىرىنى كىيىشىپ، خۇشال - خۇرام هالدا بۇ بايرامنى تەبرىكلىشىدۇ.





بۇلغىنىش ۋە خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا دەخلى يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، شەھەر ئاھالىلىرى ئىجازەتنامە ئېلىپ، ئاندىن ئەرمەك هايۋانلارنى باقىدۇ.


ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# لىسسابون (پورتۇگالىيە)


لىسسابون پورتۇگالىيىنىڭ پايتەختى بولۇپ، «ئاق شەھەر» دەپ نامى بار.



لىسسابون پورتىدا نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە بېلېم (Belém) مۇنارى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.



لىسسابوندىكى تاگوس دەرياسى ئېغىزىدا «دېڭىز سەپىرى خاتىرە تېشى» بولۇپ، ئۇ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدە ھىندىستان ۋە ئامېرىكىغا ئېكسپېدىتسىيىگە بارغان پورتۇگالىيىلىك دېڭىزچىلارنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ياسالغان.



ئالفاما (Alfama) كونا شەھەر رايونىدىكى كىچىك كوچىدا بىر قىسىم خەلق سازەندىلىرى پورتۇگالىيە خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇندىماقتا.



13 - ئىيۇن بولسا سانت ئانتونى بايرىمى، بۇ كۈندە باللار تەملىك بولكىلارنى سېتىۋالىدۇ؛ ئاشىق - مەشۇقلار ئۆزئارا رەيھان يوپۇرمىقى ئالماشتۇرىدۇ.

# ئافىنا (گرېتسىيە)

گرېتسىيىنىڭ پايتەختى ئافىنا تاغلار بىلەن ئورالغان، مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل بىر شەھەر. مەشھۇر قەدىمكى يۇنان خارابىلىرىدىن بولغان ئافىنا قەلئەسى ئافىنا شەھىرىنىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى بىر ئېگىزلىككە جايلاشقان.



پارتېنون (Parthenon) ئىبادەتخانىسى قەدىمكى قەلئەدىكى ئەڭ چوڭ دۈئا - تىلاۋەتخانا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە دانالىق مەبۇدىسى ئافىنانىڭ ھەيكىلى بار. ئافىنا شەھىرىنىڭ نامىمۇ بۇ ئايال ئىلاھنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. باشقا تارىخىي يادىكارلىقلارغا ئوخشاش پارتېنون ئىبادەتخانىسىنىمۇ ياخشى قوغداپ، مۇھىت بۇلغىنىش ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ساقلاش لازىم.



ئافىنادا گېزىت - ژۇرنال بوتكىسى مىلچىمال دۇكىنىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭدىن گېزىتتىن باشقا، يەنە دورا، تورت قاتارلىق نەرسىلەرنىمۇ سېتىۋالالايسىز.





نۇرغۇن پاراخوتلار ئافىنانىڭ پېيرايېئۇس پورتىدىنلا چىقىپ، گرېتسىيىنىڭ باشقا ئون نەچچە ئارىلىغا بارالايدۇ.

# ئىستانبول (تۈركىيە)

ئىستانبول بىر ئالاھىدە شەھەر، ئۇ ئىككى قىتئەگە بۆلۈنگەن، ئۇنىڭ شەرقىي قىسمى ئاسىيا قىتئەسىگە،
يبي قىسمى ياۋروپا قىتئەسىگە تەۋە.



مۇقەددەس سوفىيە چېركاۋى بىر ئالاھىدە جاي. بۇ جاي مۇزېي بولۇشتىن ئىلگىرى خرىستىئان دىنىنىڭ چېركاۋى ئىدى، كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ مەسچىتى بولغان. ئۇنىڭ بىلەن بىر يول ئايرىلىپ تۇرىدىغان سۇلتان ئەھمەد مەسچىتىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى تېمىغا 20 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق زەڭگەر رەڭلىك ساپال چاپلانغان، شۇڭا «كۆك مەسچىت» دەپ نامى بار. ئۇنىڭ باشقا مەسچىتلەردىن پەرقلىنىدىغان يەنە بىر تەرىپى شۇكى، ئالتە دانە ئەرزان مۇنارى بار.



چوڭ بازاردا نەچچە مىڭ كىچىك دۇكان بولۇپ،
سلەر بۇ يەردە ھەر خىل نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالالايدۇ،
ىپ قالغاندا يەنە بىرەر دۇكانغا كىرىپ چاي ئىچكەچ
م ئالالايدۇ.




بۇ شەھەرنى ئايرىپ تۇرغان دېڭىز بوغۇزىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن پاراخوتقا ئولتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

# نيۇيورك (ئامېرىكا)


نيۇيورك ــ ئېگىز بىنالار قويۇق ئورمانلىقتەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان شەھەر. نيۇيوركلۇقلار بۇ شەھەرنى «چوڭ ئالما»غا ئوخشىتىدۇ، چۈنكى ئۇ كۆركەم ھەم ئاۋات.

دۇنيا سودا بىناسى 1973 ـ يىلى سېلىنغان بولۇپ، مانخاتتان رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. بۇ ئىككى ئاساسىي بىنادىن تەشكىل تاپقان، 110 قەۋەتلىك قۇرۇلۇش ئىلگىرى بۇ رايوندىكى كۆككە تاقاشقان ئەڭ ئېگىز بىنا ئىدى. ئەپسۇس، 2001 ـ يىلى 11 ـ سېنتەبىر تېررورچى تەشكىلات تەرىپىدىن ۋەيران قىلىندى. رەسىمدە دۇنيا سودا بىناسىنىڭ ئەسلىي قىياپىتى كۆرسىتىلگەن.





نيۇيورك پورتىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا ئەركىنلىك ئايال ئىلاھىنىڭ ھەيكىلى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇ ئامېرىكىنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئېگىزلىكى 46 مېتىر، تەگلىكىنى قوشقاندا 93 مېتىر كېلىدۇ.



نيۇيوركنىڭ كوچىلىرى دائىملا ناھايىتى ئاۋات، بەزى سودا سارايلىرى ھەتتا كېچىچە تىجارەت قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

مەركىزىي باغچە مانخاتتان رايونىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. نيۇيورك ئاھالىسى بۇ يەرگە كېلى
ەيلە قىلىدۇ، پەي توپ ئوينايدۇ، چېنىقىدۇ ۋە ياكى باشقا پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.






نيۇيوركتا ياز ئىنتايىن ئىسسىق، قىش ناھايىتى سوغۇق بولىدۇ. ياز كۈنلىرى باللار مەركىزىي باغچىدىكى دەرەخ
ايىلىرىدا غالتەكلىك تاختا ئوينىسا، قىش كۈنلىرى مۇز تۇتقان كۆل يۈزىدە كانكى تېيىلىدۇ.




بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش شتابى
ـۇيوركقا جايلاشقان بولۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى
لەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بۇ يەردە يىغىن ئېچىپ، خەلقئارا
مكارلىق ئىشلىرى ئۈستىدە كېڭىشىدۇ.




ھەر يىلى **11** ـ ئايدا، نەچچە مىڭ ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش
تەنھەرىكەتچىسى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن نيۇيوركقا
كېلىپ مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدۇ.

# مونترېئال ( كانادا )


مونترېئالنىڭ قىش پەسلى ناھايىتى سوغۇق، دائىم قار يېغىپ تۇرىدۇ، كۆللەرنىڭ يۈزىنى قېلىن مۇز قاپلايدۇ. سوغۇقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كىشىلەر نەچچە ئون كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يەر ئاستى يوللىرىنى ياساپ چىققان.




كىشىلەر بۇ يەر ئاستى يوللىرى ئارقىلىق خىزمەت، ماگىزىن، ئاشپۇزۇل، شۇنداقلا كىنوخانىغا بارىدۇ ياكى باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، قەھرىتان سوغۇقتا سىرتتا پائالىيەت قىلمايدۇ.



قىش كۈنلىرى، كىشىلەر ۋېلسىپىت يولىدا ئازادە مۇز تېيىلىيالايدۇ.



ياز كۈنلىرى، كىشىلەر تاتلىق يېمەكلىك دۇكانلىرىدىن ھەر خىل ماروژنىلارنى ئېلىپ يەيدۇ.


www.uyghurkitap.com

# مېكسىكا شەھىرى (مېكسىكا)


مېكسىكىنىڭ پايتەختى ــ مېكسىكا شەھىرى، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرى. ئۇ يەردە مۇھت بۇلغىنىش ئىنتايىن ئېغىر، شۇڭا كىشىلەر چوقۇم كوچىلارغىمۇ ئوكسىگېن ئۆيلىرىنى قۇرۇشى كېرەك.



شەھەر مەركىزىدىكى «ئاساسىي قانۇن» مەيدانىدا، ھەر كۈنى نۇرغۇن ئۇسسۇلچىلار ئەنئەنىۋى ئازتېك ئۇسسۇلىنى ئوينىشىدۇ. ئۇلار بېشىغا پەي قىستۇرۇپ، بېغىشىغا قۇلۇلە بىلەزۈكى تاقايدۇ.




مېكسىكىنىڭ ھەرقانداق بايرام كۈنىدە مېكسىكىلىقلار قارا رەڭلىك ئەنئەنىۋى كىيىمى بىلەن كىگىز قالپىقىنى كىيىپ مېكسىكا يېزا كۈيلىرىنى ئورۇندىشىدۇ.



بايرام كۈنلىرى، باللار شادلىقتا چۆمگەن ھالدا پىناتا (ئىچىگە كەمپۈت ۋە باشقا كىچىك سوۋغاتلار سېلىنغان قۇتا، شەكلى ھەر خىل بولىدۇ) نى چېقىپ، ئىچىدىكى نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

# رىئودې ژانېيرو (برازىلىيە)

رىئودې ژانېيرو — برازىلىيىنىڭ ئەڭ چوڭ دېڭىز پورتى شەھرى. بۇ يەردە بايلار زامانىۋى رايوندا، كەمبەغەللەر كەپىلىك مەھەللىدە ئولتۇرىدۇ.




ئەيسا تېغىنىڭ چوققىسىدا ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ غايەت زور ھەيكىلى رىئودې ژانېيروغا قاراپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.


كەپىلىك مەھەللە ئەمەلىيەتتە ھەقىقەتەنمۇ كەمبەغەللەر ماكانى. ئۇ يەردە نەچچە مىڭ قاڭالتىر ئۆي بولۇپ، بۇ كىچىك ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدە كەمبەغەللەر ئولتۇرىدۇ. كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرى ئىشلەپ پۇل تېپىپ ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىغا كۈچ چىقىرىدۇ.




ودي ژانېيرونىڭ دېڭىز ساھىلى نەچچە مىڭ مېترغا سوزۇلغان، يەرلىكلەر مەشھۇر كوپا
(Copaca) دېڭىز ساھىلىغا بېرىپ ئوينايدۇ.



ماراكانا تەنتەربىيە مەيدانى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ پۇتبول مەيدانى بولۇپ، 200 مىڭ تاماشىبىن سىغىدۇ.



چقۇرۇن ھاۋا سالقىندىغاندا، باللار دېڭىز بويىدىكى
قتا ئوينىشىدۇ.




ھەر يىلى 2 ـ ئايدا، رىئودې ژانېيرو داغدۇغىلىق ھالدا كارنىۋال بايرىمىنى كۆتۈۋالىدۇ. كىشىلەر ناخشا ئېيتىپ، سامبا
ۇلى ئوينىشىدۇ...، پۈتۈن شەھەر بايرام تەنتەنىسىگە چۆمىدۇ.




www.uyghurkitap.com

# كۇزكو (پېرۇ)

پېرۇنىڭ قەدىمكى شەھرى كۇزكو ئىلگىرى جەنۇبىي ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا 500 يىلغا يېقىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان قەدىمكى ئىنكا پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى ئىدى. بۇ يەردىكى قۇياش ئىلاھى ئىبادەتخانىسى مەشھۇر بولۇپ، ئىيتىشلارغا قارىغاندا، ئىلگىرى تاملىرىغا ئالتۇن ھەل بېرىلىپ زىننەتلەنگەن ئىمىش.





ھازىر بۇ يەردە پەقەت ئىنكا پادىشاھلىقى دەۋرىدىن بىرقانچە ۋەيرانە تاملا قالدى. بۇ تاملار ناھايىتى مۇستەھكەم، ھەتتا يەر تەۋرەشكىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.



ئىنكا پادىشاھلىقىغا ھۇجۇم قىلغان ئىسپانلار بۇ يەردىن ياڭيۇ (بەرەڭگە) نى بايقاپ، ياۋروپاغا ئېلىپ بارغان.




6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، پېرۇنىڭ ئەنئەنىۋى «قۇياش بايرىمى». پېرۇلىقلار ئىنكا دەۋرىدىكى كىيىملەرنى كىيىشىپ مىللىيچە ئۇسسۇلنى ئۇدا نەچچە سائەت ئوينىشىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# لاپاس (بولىۋىيە)

بولىۋىيىنىڭ پايتەختى لاپاس دېڭىز يۈزىدىن 3500 مېتىر ئېگىز بولۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز پايتەخت. ئۇ يەرگە يېڭى بارغان ئادەمدە ئېگىزلىك رېئاكسىيىسى كۆرۈلىدۇ.



بايلار شەھەرنىڭ بىرقەدەر تۆۋەن يېرىدە ئولتۇرىدۇ، چۈنكى ئۇ يەرنىڭ هاۋاسى ئادەمگە بىرقەدەر هۇزۇر بېغىشلايدۇ؛ كەمبەغەللەر بولسا دائىم شامال چىقىپ تۇرىدىغان ئېگىزلىكتە ئولتۇرىدۇ.




قوي ۋە تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان پىلاش (پېيىنچا) نىڭ رەڭگى ئوچۇق، يېنىك هەم يۇمشاق، ئىسسىق كېلىدۇ.




ئالاسىتاس (Alasitas) بايرىمىدا، كىشىلەر ئۆز ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان كىچىك مودېللارنى سېتىۋېلىپ، ئىبادەتخانىغا ئاپىرىدۇ ـ دە، ئارزۇلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن تىلاۋەت قىلىدۇ.

# باڭكوك (تايلاند)

باڭكوك بولسا تايلاندنىڭ پايتەختى. باڭكوكنىڭ بەزى رايونلىرىدا تاشيول يوق، پەقەت سۇ يولىلا بار، كىشىلەر كېمىگە ئولتۇرۇپ يول يۈرىدۇ.



باڭكوكتا بەزى كىشىلەر سۇ ئاستىغا قوزۇق ئۇل قېقىپ ياسالغان ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ، بالىلار كېمىگە ئولتۇرۇپ مەكتەپكە بارىدۇ.



شەھەر رايونىدىكى ھاۋا بۇلغىنىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ساقچىلار ماسكا تاقاپ ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. بۇ يەردە كىشىلەر ھەر خىل ئۈچ چاقلىق ھارۋىلارنى كىرا قىلىپ ماڭىدۇ.


www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

باڭكوكلۇقلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. كىشىلەر بۇتقا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بۇتخانىغا يالاڭ ئاياغ كىرىدۇ.



بۇتخانىدىكى راھىبلار ئۇچىسىغا كاسايا ئارتىۋالىدۇ، مۇرىتلار ئۇلارغا سەدىقە تاماق تەييارلاپ بېرىدۇ.





باڭكوكلۇقلار گۈل بازىرىدىن گۈلچەمبىرەك سېتىۋېلىپ، ئىلاۋەتخانا ئالدىغا قويۇپ، ئىلاھنىڭ ئۇلارغا ئامانلىق بېرىشىنى تىلەيدۇ.

# ئېرۇسالېم (ئىسرائىلىيە)


ئېرۇسالېم — يەھۇدىي دىنى، خرىستىئان دىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى. بۇ يەرگە كەلگەن يەھۇدىي دىندىكىلەر يىغا - زار تېمىغا بېرىپ، خرىستىئان دىندىكىلەر ئىلاھىي قەبرىستانلىق چېركاۋىغا، ئىسلام دىندىكىلەر ساقىيە مەسچىتىگە بېرىپ ئىبادەت قىلىدۇ.



يىغا - زار تېمى بولسا يەھۇدىي ئىبادەتخانىسىنىڭ ساقلىنىپ قالغان خارابىسى. يەھۇدىيلار ئۆز ئىلتىجالىرىنى قەغەزگە يېزىپ، تاش تامنىڭ يوچۇقلىرىغا تىقىپ قويىدۇ.



مەسجىدۇل ئەقسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىراجغا چىققان جايغا سېلىنغان. بۇ مەسچىتنىڭ گۈمبىزىگە ئالتۇن يالىتىلغان.



ئىلاھىي قەبرىستانلىق چېركاۋى خرىستوسنى دەپنە قىلغان جايغا سېلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ۋاراناسى (ھىندىستان)

ۋاراناسى ھىندىستانلىقلارنىڭ مۇقەددەس شەھىرى بولۇپ، گانگ دەرياسى بويىغا جايلاشقان. ھەر كۈنى ئەتىگەندە، نۇرغۇن ھىندى دىنى مۇخلىسلىرى گانگ دەرياسى قىرغىقىغا كېلىپ، گانگ دەرياسىنىڭ «مۇقەددەس سۈيى» دە يۇيۇنىدۇ.




بۇ يەردە مۇنەججىملەر كىشىلەرنىڭ كەلگۈسىگە پال ئېچىپ بېرىدۇ، ساتىراشلار ئەرلەرنىڭ چېچىنى ئالىدۇ، سودىگەرلەر ئىلاھقا تەقدىم قىلىدىغان گۈللەرنى ساتىدۇ، يوگا مەشىق قىلغۇچىلار چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ چوڭقۇر خىيالغا چۆكىدۇ.

ھىندىستاندا كالا مۇقەددەس ھايۋان قاتارىدا ئەزىزلىنىدۇ، شۇڭا، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ھەم يېيىشكە بولمايدۇ. كىشىلەر ۋاراناسى شەھىرىنىڭ كوچىلىرىدا ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرگەن، ھەتتا ئۇخلاپ ياتقان كالىلارنى كۆرەلەيدۇ. قېرى كالىلار مەخسۇس ئۇلار ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان «قېرىلار ساناتورىيىسى» گە ئاپىرىپ بېرىلىدۇ.




# بېيجىڭ (جۇڭگو)


جۇڭگونىڭ پايتەختى گۈزەل بېيجىڭ شەھىرى. ھەيۋەتلىك قەدىمكى خان (گۇگۇڭ) سارىيى (زىجىنچېڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بېيجىڭ شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان.



قەدىمكى خان سارىيى مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىلىرىدا پادىشاھ ئوردىسى قىلىنغان، ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىدا ئېگىز - ئېگىز سېپىل بولۇپ، جۇڭگودا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قېلىنغان ئەڭ چوڭ، ئەڭ مۇكەممەل قەدىمىي قۇرۇلۇش.




تار كوچىلار بولسا بېيجىڭنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى، ھازىرمۇ بىر قىسىم قەدىمىي تار كوچىلار ساقلىنىپ قالغان.




جۇڭگولۇقلارنىڭ چاغان بايرىمى ھەر يىلى 1 - ياكى 2 - ئايدا بولىدۇ، كىشىلەر ناخشا - ئۇسسۇل بىلەن تەبرىكلىشىدۇ، شىر ئۇسسۇلى ئوينىشىدۇ ۋە پانۇس ياقىدۇ.

# لاسا (جۇڭگو)

لاسا جۇڭگونىڭ شىزاڭ ئاپتونوم رايونىغا جايلاشقان. لاسا شەھرىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى قىزىل تاغدا ھەيۋەتلىك بۇددالا ئوردىسى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.



بۇ ئوردا مىلادىيە 7- ئەسىردە تىبەت خانى سوڭزەن گەنبو بىلەن ۋېنچېڭ مەلىكىنىڭ تويىغا ئاتاپ سېلىنغان. بۇددالا ئوردىسى تاغقا يۆلەپ سېلىنغان بولۇپ، كۆركەم ھەم ھەيۋەتلىك. ئۇ لاسانىڭ سىمۋولى.



ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر لاساغا بېرىپ ساياھەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇ يەردىن ھەر خىل مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە نەرسىلەرنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ.



لاسانىڭ ھەممىلا يېرىدە مۇشۇنداق ھەر خىل رەڭلىك نوم تۇغلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ تۇغلارغا نوم سۆزلىرى يېزىلغان بولۇپ، لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار «شامال تۇغلارنى لەپىلدىتىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىنى ئىلاھقا يەتكۈزىدۇ» دەپ قارايدۇ.



www.uyghurkitap.com

# ماراكەش (ماراكەش)

ماراكەش قەدىمكى ماراكەش خانلىقىنىڭ پايتەختى. ئەينى ۋاقىتتىكى سېپىل تېمى سارغۇچ قىزىل رەڭلىك تاشتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، ھازىرغىچە مۇكەممەل ساقلانغان.



قۇتبىيە مەسچىتى ماراكەشتىكى ئەڭ چوڭ مەسچىت، مەسچىت مۇنارى 67 مېتىر كېلىدۇ.



ماراكەش شەھىرىدىكى ئۇششاق تاۋارلار بازىرى ناھايىتى ئاۋات، بۇ يەردە ساپالدىن ياسالغان قول ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى، قولدا توقۇلغان گىلەم قاتارلىق نۇرغۇن نەرسىلەر ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

كاما ئىرفنا مەيدانى شەھەر مەركىزى بولۇپ، ئۇزاق يىللىق تارىخقا ئىگە. مەيداندا ئەتىگەنلىك بازار بەك قىزىيدۇ، كىشىلەر مېۋە، قەندالەت ۋە گۈل قاتارلىق نەرسىلەرنى ساتىدۇ.




چۈشلۈكى مەيداندا ئويۇن باشلىنىدۇ. ناخشا - ئۇسسۇلدىن باشقا، يەنە ئاجايىپ سېرىك نومۇرلىرى، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يىلان ئويۇنى، مەدداھلارنىڭ تەسىرلىك ھېكايىلىرى قاتارلىقلار بار. تاماشىبىنلار بۇ نادىر نومۇرلارغا ئالقىش ياغدۇرۇپ تۇرىدۇ.




كەچقۇرۇنلۇقى ھاۋا سالقىن بولۇشى بىلەن تەڭ، مەيداندا كېچىلىك بازار باشلىنىدۇ. كىشىلەر مەيداندا ھەر خىل تەملىك ماراكەش تائاملىرىدىن بەھرىلىنىدۇ.

# قاھىرە (مىسىر)

قاھىرە مىسىرنىڭ پايتەختى بولۇپ، نىل دەرياسى شەھەرنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدۇ. «قاھىرە» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا «غەلىبە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.



قاھىرە ئافرىقىدىكى ئەڭ چوڭ شەھەر بولۇپلا قالماستىن، يەنە دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ بىرى.




مىسىرنىڭ گىزادىكى 10 پىرامىدىسى قەدىمكى يەتتە چوڭ مۆجىزىنىڭ بىرى، ئۇلار قاھىرە شەھىرىگە بەكمۇ يېقىن.




گەرچە قاھىرەنىڭ بەزى جايلىرى ئانچە ئاۋات بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ پۈتكۈل ئوتتۇرا شەرق رايونىنىڭ سىياسىي، سودا ۋە ئىقتىساد مەركىزى.


# سائىنت لوۋىس (سېنېگال)

سائىنت لوۋىس سېنېگال دەرياسى ئېغىزىغا جايلاشقان. بۇ يەردە ھەر كۈنى قېيىقنى دېڭىز دولقۇنىغا قارشى ھەيدەپ، بېلىق تۇتقىلى چىققان بېلىقچىلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.



بېلىقچىلار دېڭىز ساھىلىدىكى كەپىلەردە ئولتۇرىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ بېلىق تۇتۇشقا چىقىشتا ئىشلىتىدىغان قېيىقلىرى.





بازارنىڭ ھەممىلا يېرىدە يايمىچىلار بولۇپ، ئۇلار مېۋە، كۆكتات ۋە باشقا ماللارنى ساتىدۇ.

باللار دەريادا سۇغا چۆمۈلۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ چاغدا، ئۇلار يەنە بەزى ھايۋانلارنىمۇ يۇيۇپ قويۇشىدۇ.


# جېننې (مالى)


جېننې ئافرىقىدىكى مالى دۆلىتىنىڭ مۇھىم شەھىرى. ئۇ يەردىكى ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاساسەن توپا، پاخال ۋە ياغاچلاردىن ياسالغان. بۇ يەردە بازار ئاساسەن مەسچىت ئالدىدا بولىدۇ.



جېنىېدا سۇدان ئۇسلۇبىدىكى ئۆيلەرمۇ بولۇپ، بۇ ئۆيلەرنىڭ راملىرى تېشىغا چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ بىر خىل زىنىنەتلەش رو- لىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە قۇرۇلۇشچىلارغا شوتا بولۇش رولىنىمۇ ئۆتەيدۇ. يامغۇر پەسلىدە بۇ ئۆيلەرنىڭ تاملىرى بۇزۇ- لۇپ كېتىدۇ، شۇڭا كىشىلەر ھەر يىلى رېمونت قىلىپ تۇرىدۇ.








موزدۇز خۇرۇم ئۆتۈك تىكمەكتە. كۇلالچى ساپال لوڭقا ياسىماقتا. بالىلارنىڭ ھۈنىرىمۇ قالتىسكەن. ئۇلار سىم ۋە قەلەيدىن ئويۇنچۇق ياسىيالايدىكەن.

www.uyghurkitap.com

# سىدنىي (ئاۋستىرالىيە)

سىدنىينىڭ ھاۋاسى يىل بويى ئىللىق بولىدۇ. باغچە ۋە شەھەردىكى قوغدىلىدىغان رايونلاردا كىشىلەر ئاۋستىرالىيىنىڭ ئالاھىدە ھايۋىنى كاۋلا (دەرەخ خالتىلىق ئېيىقى) بىلەن كېنگۇرۇنى كۆرەلەيدۇ.



ئالتە دانە غايەت زور قۇلۇلە قېپىغا ئوخشايدىغان بۇ قورۇلۇش مەشھۇر سىدنىي تىياتىرخانىسى. بۇ يەردە ھەر يىلى نەچچە مىڭ مەيدان ئويۇن قويۇلىدۇ. تىياتىرخانىنىڭ يېنىدا جەنۇبىي ۋە شىمالىي قىرغاقنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان سىدنىي چوڭ كۆۋرۈكى بار.



بۇ بالا دولقۇن يېرىش تاختىسى ئويناۋاتىدۇ، لېكىن ئۇ قىرغاقتىن بەك يىراقلاپ كەتمەيدۇ، چۈنكى دېڭىزدا لەھەڭ بار.



قىش پەسلىدە، كىشىلەر باغچىغا بېرىپ دالا تاماقى يېيىشىدۇ ۋە پالاق توپ مۇسابىقىسى كۆرىدۇ.

# ھەربىر شەھەرگە ئۆزىنىڭ كېمىسىنى سەپلەپ بېرىڭ

تۆۋەندە بېرىلگەن بەش كېمىنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا قايسى شەھەرلەردە توختايدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟

پارىژدىكى ئېيفېل مۇنارى






ئىستانبولدىكى مۇقەددەس سوفىيە چېركاۋى




يېڭى ئورلېئاندىكى بىر جاز ئوركېستىرى



ئامستېردامدىكى ماگۇئېل كۆۋرۈكى




ۋېنتسىيىنىڭ ساينىت مارك مەيدانىدىكى مۇنار




جاۋابى: A — ۋېنتسىيە، B — يېڭى ئورلېئان، C — ئامستېردام ، D — پارىژ، E — ئىستانبول

www.uyghurkitap.com



# شەھەر تەكشۈرۈش

# كىچىك ۋە ئوتتۇرا شەھەرلەر


رىچارد بىلەن پولىنا شەھەردە ئولتۇرىدۇ، لېكىن ئۇلار تۇرغان شەھەرلەرنىڭ كۆلىمى ئوخشاشمايدۇ.



رىچاد بىر كىچىك شەھەردە ئولتۇرىدۇ. بۇ يەردىكى ئۆيلەر چېركاۋ ۋە شەھەر مەمۇرىيىتى بىناسى ئەتراپىغا سېلىنغان، يېزىمۇ بۇ شەھەرگە ئانچە يىراق ئەمەس. بۇ يەر كىشىنىڭ كۆڭلىگە بەكمۇ ياقىدۇ، چۈنكى ماشىنىغا ئولتۇرمايمۇ يېزىغا بېرىپ سەيلە قىلىپ كەلگىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com


پولنا تۇرىدىغان شەھەر نەچچە رايونغا ئايرىلغان، كونا رايون شەھەر مەركىزى، يېڭىدىن قۇرۇلغانلىرى ئولتۇراق ئۆي رايونى قىلىنغان. قاتناشنى قۇلايلاشتۇرۇش ئۈچۈن كىشىلەر شەھەر ئايلانما يولى ياسىغان.



زاۋۇتلار شەھەر مەركىزىدىمۇ ياكى سانائەت رايونىدىمۇ؟ تاللا بازىرى ئولتۇراق ئۆي رايونىدىمۇ ياكى سودا رايونىدىمۇ؟

# چوڭ شەھەر


شارلوت بىر چوڭ شەھەردە تۇرىدۇ. بۇ چوڭ شەھەردە ئېگىز - ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي ئورگان ۋە شىركەتلەرنىڭ ئىشخانا بىنالىرى بار.



شەھەردە نوپۇس كۆپەيگەنسېرى نۇرغۇن تۇرالغۇ بىنالار سېلىندى. شەھەر ئەتراپىمۇ داۋاملىق تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئايرودرومدا ھەر كۈنى نۇرغۇن ئايروپىلانلار ئۇچۇپ - قونۇپ تۇرىدۇ. ۋوگزالدا پويىزلار نۇرغۇن يولۇچىلارنى توشۇيدۇ.



تۆۋەندىكى ئورۇنلارنى تېپىپ بېقىڭ: ۋوگزال، ئۆگزىسىگە تىك ئۇچار قونالايدىغان دوختۇرخانا، ئايرودروم، بازار، چىركاۋ، كونا شەھەر رايونى.




# قاتناش

قاتناش ۋاسىتىلىرى ۋە پىيادىلەرنىڭ ھەممىسى قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلىشى كېرەك: پىكاپ، يۈك ئاپتوموبىلى، كوچا ئاپتوبۇسى، موتسىكلىت، ۋېلىسىپىت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆز يولىدا ماڭىدۇ، پىيادىلەر بولسا پىيادىلەر يولىدا ماڭىدۇ.



**قاتناش مەنئى قىلىنغان يول بەلگىسى:** ھەرقانداق قاتناش ۋاسىتىسى بۇ يولغا كىرىشكە بولمايدۇ.




**توختاش بەلگىسى:** ھەرقانداق قاتناش ۋاسىتىسى توختاپ، يولنىڭ ئېچىلىشىنى ساقلايدۇ.



**پىيادىلەر ئۆتۈشمە يولى بەلگىسى:** بۇ يەردە قاتناش ۋاسىتىلىرى پىيادىلەرگە يول بېرىدۇ، پىيادىلەر يولدىن ئۆتۈشتىن بۇرۇن خەتەر يوقلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇشى كېرەك.



**بالىلارغا دىققەت قىلىش بەلگىسى:** يېقىن ئەتراپتا مەكتەپ بار، قاتناش ۋاسىتىلىرى سۈرئەتنى ئاستىلىتىپ، ئوقۇغۇچىلارغا يول بېرىشى كېرەك.



**مەخسۇس ئاممىۋى قاتناش ئاپتوبۇسى يولى بەلگىسى:** ئاممىۋى قاتناش ئاپتوبۇسىغا مەخسۇس ئاجرىتىلغان يول بولۇپ، باشقا قاتناش ۋاسىتىلىرى مېڭىشقا بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سز تۆۋەندكى قاتناش بەلگلرننڭ مەنسىنى بلەمسز؟ ئەگەر بلمسڭز، تۆۋەندە چۈشەندۈرۈپ ئۆتمز. دققەت قللڭ، مەكتەپ ئالددا بر ئوقۇغۇچى قاتناش قائدسگە خلاپلق قلدى. ئۇنى تېپپ، قاتناش قائدسنڭ قايسى تۈرگە خلاپلق قلغانلقنى ئېيتپ بېرڭ.




**ئاپتوموبل توختتشنى مەنئى قلش بەلگسى:** قاتناش ۋاستلرنى بۇ جايدا توختتشقا بولمايدۇ، ئەگەر بەلگلمگە خلاپلق قلنسا جەرىمانە قويۇلدۇ.




**ۋېلسپت يولى بەلگسى:** مەخسۇس ۋېلسپتلكلەر ماڭدۇ.





**سۈرئەت چەكلەش بەلگسى:** قاتناش ۋاستلرنڭ سۈرئتنى بۇ جايدا سائتگە 50 كلومېتردن ئاشۇرۇشقا بولمايدۇ.



**قزل چراغ:** قاتناش ۋاستلرى توختايدۇ. قزل چراغ يېنپ، پيادلەر يولننڭ چرغى يېشلغا ئۆزگەرگەندە، كشلەر يولدن كېسپ ئۆتدۇ.




**يېشل چراغ:** قاتناش ۋاستلرى ماڭدۇ. يېشل چراغ يېنپ، پيادلەر يولننڭ چرغى قزلغا ئۆزگەرگەندە، كشلەر پيادلەر يولى بويدا توختاپ تۇردۇ.





[illegible]

# ئاپتوموبىل توختىتىش


شەھەردىكى قىستاڭچىلىقتا ئاپتوموبىل توختىتىش ھەقىقەتەنمۇ تەس ئىش. ئاپتوموبىل توختىتىشقا قۇلايلىق يارىتىش ئۈچۈن، كىشىلەر يەر يۈزى ۋە بىنالارنىڭ يەر ئاستىدا ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى ياسىغان.



چوڭ كوچىدىكى ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ھەق ئېلىنىدۇ. ئاپتوموبىل توختاتقاندا ئاۋۋال ئاپتوماتىك بېلەت سېتىش ماشىنىسىدىن بېلەت ئېلىپ، ئاندىن ئۇنى ئاپتوموبىلنىڭ ئالدى ئەينىكىگە قىستۇرۇپ قويۇش كېرەك.



بۇ جايغا مەخسۇس ۋېلىسىپىت توختىتىلىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، يەردىكى جازىنىڭ نېمە رولى بار؟




بۇ ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى باشقىلىرىغا قارىغاندا كەڭرەك بولۇپ، مەخسۇس مېيىپلار ئۈچۈن لايىھەلەنگەن.


ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاممۋى قاتناش ئاپتوبۇسى

شەخسىي پىكاپى يوق كىشىلەرگە نىسبەتەن ئاممۋى قاتناش ئاپتوبۇسى ئىنتايىن قۇلايلىق قاتناش قورال- دۇر. ئاممۋى قاتناش ئاپتوبۇسىنىڭ مېڭىش لىنىيىسى بەلگىلەنگەن بولۇپ، توختاش ئورنىمۇ مۇقىم بولىدۇ.



ھەربىر ئاممۋى قاتناش ئاپتوبۇسىنىڭ ئالدىغا باش ۋە ئاخىرقى بېكەتنىڭ نامى يېزىپ قويۇلىدۇ.






ئاپتوبۇسقا چىققاندا، يولۇچىلار ئاممۋى قاتناش IC كارتىسىنى كارتا تەكشۈرگۈچكە سۈركەپ قويسىلا بولىدۇ. بېكەتكە كەلگەندە ئاپتوبۇستىكى بېكەت نامىنى ئاپتوماتىك ئېلان قىلىش سىستېمىسى يولۇچىلارغا ئەسكەرتىدۇ. بىر بېلەت تۈزۈمى يولغا قويۇلمىغان ئاممۋى قاتناش ئاپتوبۇسىدا يولۇچىلار ئاپتوبۇستىن چۈشۈشتىن ئىلگىرى يەنە بىر قېتىم IC كارتىسىنى سۈركەيدۇ.

# ۋوگزال


ۋوگزالدا دائىم شۇنداق بېسق بر مەنزرىنى كۆرگلى بولدۇ. يولۇچىلار بېلەت سېتش زالدا ئۆچرەت-تە تۇرۇپ بېلەت سېتۋالدۇ.



ۋوگزالدكى هەربر قېتملق پويز بەلگلەنگەن ۋاقتتا ماڭدۇ.

www.uyghurkitap.com


تۆۋەندىكى رەسىمدىن ماي توشۇش پويىزى، يۈك پويىزى، يولۇچىلار پويىزى، ئاپتوموبىل توش
پويىزى ۋە تېز پويىزنى تېپىپ چىقىڭ.



دىسپېتچېرلىق بۆلۈمى (باشقۇرۇش ئورنى)دىكى خادىملار ھەرقايسى پويىزلارنىڭ ئۆز رېلىسىدا مېڭىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

# ئايرودروم

ئايرودرومدا ئايروپىلانلارنىڭ كۆپىنچىسى يولۇچىلارنى توشۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ، بۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر قىسىم مەخسۇس يۈك توشۇيدىغان ئايروپىلانلارمۇ بار (① رەسىم).




ئايرودرومدا يولۇچىلار ئاۋۋال ئايروپىلانغا چىقىش كارتوچكىسىنى ئالماشتۇرۇپ، يۈك - تاقلىرىنى تىزىملىتىدۇ. ئايروپىلانغا چىقىشتىن بۇرۇن، يولۇچىلار ئايروپىلان بىلىتى ۋە كىملىكىنى ئىسپاتلايدىغان مۇناسىۋەتلىك كىنىشكىلىرىنى كۆرسىتىشى، شۇنداقلا يۈك - تاقلىرىنى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈشى كېرەك.


يولۇچىلار ئايروپىلانغا چىقىۋاتقاندا (② رەسىم)، ئايرودروم خادىملىرى يۈك ـ تاقلارنى يۈك قاچ
تريۇمى (③ رەسىم) غا سالىدۇ، شۇنداقلا يېقىلغۇ باكى (④ رەسىم) غا لىق ماي قاچىلايدۇ.





نازارەت قىلىش مۇنارى (⑤ رەسىم)دىكى دىسپېتچېر رادار ئېكرانىدا ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىدۇ، شۇنداقلا سىمسىز تېلېگراف ئارقىلىق ئۇچقۇچى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئايروپىلاننىڭ توغرا ھەم بىخەتەر ئۇچۇشى ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى قىلىدۇ.


# مەكتەپ

شەھەردە نۇرغۇن مەكتەپلەر بار. مەسلەن، باللار باغچىسى، باشلانغۇچ مەكتەپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، ئالىي مەكتەپ قاتارلىقلار.



بۇ باللار باغچىسىنىڭ تەنەپپۇس ۋاقتى. قاراڭ، بۇ باللار ھەر خىل ئويۇنلارنى ئويناۋاتقان باللار يەرگە سىزغان كاتەكچىلەرنى تېپىپ بېقىڭ. سىز ئۆي ئاتلاش ئويۇنى ئويناۋاتقان باللار يەرگە سىزغان كاتەكچىلەرنى تېپىپ بېقىڭ.





ئوقۇتقۇچى باللارنى ئېكسكۇرسىيىگە ئېلىپ چىققاندا، ئۇلار بەكمۇ گەپ ئاڭلايدۇ، ئۆزئارا قىستاشمايدۇ.

باللار مەكتەپتىن يانغاندا، پىيادىلەر ئۆتۈشمە يولى ئارقىلىق ئۆتۈشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# پوچتىخانا


پوچتىخانىدا كىشىلەر خەت ئەۋەتەلەيدۇ، تېلېفون ئۇرالايدۇ، خالتا سالالايدۇ ۋە ئالالايدۇ.



سىز بۇ پوچتىخانىدىن خالتا ئېلىۋاتقان، پوچتا ماركىسى سېتىۋېلىۋاتقان، خەت سېلىۋاتقان، تېلېفون نومۇرى ئىزدەۋاتقان، پۇل ئېلىۋاتقان، ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانما قوبۇل قىلىۋاتقان كىشىلەرنى تېپىپ بېقىڭ.


# دوختۇرخانا

دوختۇرخانا كېسەل داۋالاپ، ئادەم قۇتقۇزىدىغان جاي. ھامىلدار ئاياللارمۇ دوختۇرخانىدا يەڭگىيدۇ.



دوختۇرخانىدىكى ھەرقايسى بۆلۈملەر بىلەن تونۇشۇپ بېقىڭ: تۇغۇت بۆلۈمى (تۇغۇت ئۆيى ۋە بوۋاقلار ئۆيى بار)، رېنتگېن بۆلۈمى، ئوپېراتسىيە بۆلۈمى.


دوختۇرخانىدا داۋالاش بۆلۈملىرىدىن باشقا، يەنە ئاشخانا ۋە كىچىك دۇكانلار بار. بىمارلار دوختۇرخانىدا ياتقاندا، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ كۈتسە بولىدۇ.



يەنە ئېغىر كېسەللەرنى كۆزىتىش بۆلۈمى، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بۆلۈمى، جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمى، كۈتۈۋېلىش بۆلۈمىمۇ بار.

# سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە بىر تەرەپ قىلىش


بىز سۇغا ئېھتىياجلىق بولساق، ئىش ناھايىتى ئاددىي، پەقەت جۈمەكنى بۇراساقلا بولىدۇ. لېكىن، سىز سۇنىڭ جۈمەككە قانداق كېلىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟




بىز ئىشلىتىۋاتقان سۇ يەر ئاستى سۈيىدىن تارتىپ چىقىرىلىدۇ. لېكىن، يېڭى تارتىپ چىقىرىلغان سۇنى بىۋاستە ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. سۇ پاكىزلىنىپ بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن، سۇ ساقلاش مۇنارى (① رەسىم) دا ساقلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com


نەچچە مىڭ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چوڭ ـ كىچىك سۇ تۇرۇبىلىرى مىڭلىغان ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈلگ
بولىدۇ. ئائىلىلەردە تۇرۇبىلار يەنە ئاشخانا، هاجەتخانا، مۇنچا ۋە كىر يۇيۇش ئۆيىگىچە ئۇلانغان بولۇپ،
كىشىلەرنىڭ سۇ ئىشلىتىشىگە ناهايىتى قۇلايلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەن.




قاچا ـ قومۇچ يۇغان سۇ، مۇنچا سۈيى ۋە هاجەتخانا سۇلىرى مەينەت بولۇپ، بىۋاستە دەريالارغا قويۇۋېتىشكە
ـولمايدۇ. بۇ سۇلار تازىلاش پونكىتىدا تازىلىنىپ، ئۆلچەمگە يەتكەندىن كېيىن ئاندىن دەرياغا قويۇپ بېرىلىدۇ.

# توك

ئۇزچاتنى باسساقلا چىراغ ياندۇ، مانا بۇ توكنىڭ تۆھپىسى. توك يورۇتۇش ئىشلىرىدىن باشقا، شەھەردە يەنە نۇرغۇن مۇھىم روللارنى ئوينايدۇ.




يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىسى (① رەسىم) توك تارقاتماقتا. توك ئاۋۋال يۇقىرى بېسىملىق ستولبا (② رەسىم) دىكى توك سىمى ئارقىلىق ئۇزىتىلىدۇ. ئاندىن يەر ئاستى كابېلى (③ رەسىم) ئارقىلىق مىڭلىغان ئائىلىلەرگە يەتكۈزىلىدۇ.





ھازىرقى زامان كىشىلىرى توكتىن ئايرىلالمايدۇ. رەسىمنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ، توكنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شەھەر تازىلىقى


پاكىز مۇھىت شەھەرنى تېخىمۇ كۆركەم قىلىدۇ، بۇنداق مۇھىتتا ياشاشمۇ كىشىگە راھەت بېغىشلايدۇ. بىر ئادەم ياخشى بولغان تازىلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ، شەھەرنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلىشى كېرەك.



كۈز پەسلىدە، تازىلىق ماشىنىسى ھەر كۈنى ئەتىگەن ىكى چۈشكەن يوپۇرماقلارنى تازىلايدۇ.



بازار تاقىلىشى بىلەنلا تازىلىق ئىشچىلىرى يەردىكى ئەخلەتلەرنى تازىلاپ پاك ـ پاكىز قىلىۋېتىدۇ.



ۇ ئوماق كىچىك قىزچاق ئىتىنى سۇ چىقىرىش ئېرىقىغا ت قىلدۇرۇپ ئۆگەتمەكتە.




بۇ ئوغۇل بالا پېچىنىنى يەپ بولۇپ، قۇتىسىنى ئاڭلىق ھالدا ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىدى.

# تۇرمۇش ئەخلىتى

كىشىلەر ھەر كۈنى نۇرغۇن تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تاشلايدۇ. تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنىڭ ھەممىسى كېرەكسىز ئەمەس، ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرىنى يىغىۋېلىپ قايتا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئەينەك، سۇلياۋ ۋە قەغەز قاتارلىقلار.



شەھەردە كىشىلەر تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرلەرگە ئايرىپ ئوخشاشمىغان ئەخلەت ساندۇقلىرىغا سالىدۇ.



يىغىۋېلىنغان ئەينەكلەر زاۋۇتقا ئاپىرىلغاندىن كېيىن، ئېرىتىلىپ يەنە قايتىدىن ئەينەك قىلىپ ياسىلىدۇ. يىغىۋېلىنىپ قايتا ئىشلەنگەن قەغەزلەرنىڭ سۈپىتى ناچارراق بولىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن قاتتىق قەغەز ياسىلىدۇ. باشقا ئەخلەتلەر كۆيدۈرۈۋېتىلىدۇ. ئەخلەت كۆيدۈرۈشتىن ھاسىل بولغان ئىسسىقلىقتىن پايدىلىنىپ پار بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كۆڭۈل ئېچىش

ئۇلتۇراق رايوننىڭ كۆڭۈل ئېچىش زالىدا كىشىلەر ئۈچۈن ھەرخىل پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ.




كۇتۇپخانا باشقۇرغۇچى كىچىك دوستلارغا ھېكايە ئېيتىپ بېرىدۇ، باللار كومپيۇتېر ئويۇنى ئوينىسىمۇ بولىدۇ.




ئۇلتۇراق رايوننىڭ كۆڭۈل ئېچىش زالىدا قويۇلىدىغان ئويۇن باشلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. كىچىك دوستلار ناھايىتى ئەستايىدىل رېپېتىتسىيە قىلدى. بۈگۈن بۇ زالدا يەنە بەزى كىچىك دوستلارنىڭ سىزغان رەسىملىرىمۇ كۆرگەزمە قىلىنماقچى. كۆپچىلىكنى كۆرۈپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىمىز.

# تەنھەرىكەت

شەھەردىكى تەنتەربىيە مەيدانلىرىدا دائىم تۈرلۈك مۇسابىقىلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ. تاماشىبىنلار كۆرۈش سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ، نەق مەيداندا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مۇسابىقىدىن ھوزۇرلىنىدۇ.




پۇتبول مەيدانىدىكى چىملىق ناھايىتى تەكشى قىرقىلىدۇ. پۇتبولچىلار بۇ يەردە جىددىي مۇسابىقىلىشىۋاتىدۇ. چىملىقتا تېيىلىپ يىقىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تېيىلىشتىن ساقلىنىش ئايىغى كىيىۋالىدۇ.




تەنتەربىيە مەيدانىدا قىسقا ئارىلىققا يۈگۈرۈش، نەيزە ئېتىش، يىراققا سەكرەش ۋە ئېگىزگە سەكرەش قاتارلىق ھەر خىل يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىلىرى ئېلىپ بېرىلماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىچىك دوستلار تەنتەربىيە سارىيىدا مەشىق قىلماقتا. ئوغۇللار ياغاچ ئات، قوش تورنىك، تاق تور
ۋە ئاسما ھالقا تۈرلىرى بويىچە، قىزلار بەدىئىي گىمناستىكا ۋە تەڭپۇڭلۇق تەنھەرىكىتى بويىچە مەشىق ئېلىپ
بارماقتا.



بىر قىزچاق پالاس ئۈستىدە بەدىئىي گىمناستىكا مەشىق قىلماقتا. مەيلى ھالقا گىمناستىكىسى بولسۇن ياكى توپ گىمناستىكىسى بولسۇن، ئۇ ناھايىتى چىرايلىق ئوينايدۇ.




بەزى كىچىك دوستلار تىرېنېرنىڭ يېتەكچىلىكىدە سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەنمەكتە. .




بەزى شەھەرلەردە قىش كۈنلىرى قار ياغمايدۇ، مۇز تۇتمايدۇ. لېكىن بۇ ھېچگەپ ئەمەس، كىچىك دوستلار زال ئىچى مۇز تېيىلىش مەيدانىدا ئوخشاشلا خۇشال - خۇرام ھالدا مۇز تېيىلىدۇ.

# شەھەردىكى كېچە

ھازىر كېچە سائەت بىر بولدى، سىز چوقۇم شېرىن ئۇيقۇدا بولۇشىڭىز مۇمكىن. لېكىن، سىز شەھەردە يەنە نۇرغۇن كىشلەرنىڭ نورمال خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەمسىز؟




باسما زاۋۇت ئىشچىلىرى گېزىت بېسىش بىلەن ئالدىراش بولماقتا، ئەتە ئەتىگەندە كىشىلەر گېزىت سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭدىكى ھەرخىل خەۋەرلەرنى ئوقۇيالايدۇ.



يېرىم كېچىدە ئادەم ئاز، ئاپتوموبىللارمۇ شالاڭ. يول ياساش ئىشچىلىرى بۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ يوللارغا قارامىاي ياتقۇزماقتا.



بولكىچىلار ناھايىتى ئەتىگەن تۇرۇپ بولكا پىشۇرىدۇ. شۇڭا سىز ئەتىگەندە ھەم يېڭى، ھەم مەززىلىك بولكىدا ناشتا قىلالايسىز.




تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ كېسەلخانىسىدا، سېستىرالار تۇغۇتلۇق ئايال ۋە يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى ئەستايىدىل كۈتمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شەھەردىكى ئەتىگەن

ھازىر ئەتىگەن سائەت ئالتە بولدى. سىز تېخى ئورنىڭىزدىن تۇرمىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. لېكىن، نۇرغۇن كىشىلەر ئاللىبۇرۇن خىزمەتكە كىرىشىپ بولدى.



گېزىت يەتكۈزگۈچى ھەرقايسى ئائىلىلەرگە گېزىت ئاپىرىپ بېرىش بىلەن ئالدىراش، شۇنىڭدىلا كىشىلەر ناشتا ۋاقتىدا گېزىتتىكى خەۋەرلەرنى ئوقۇيالايدۇ.



مال يەتكۈزۈپ بەرگۈچىلەر يۈك ئاپتوموبىلىدىن يەشىك - يەشىكلەپ كۆكتات ۋە مېۋىلەرنى چۈشۈرمەكتە. دۇكان خوجايىنى بۇ ماللارنى رەتلەش بىلەن ئاۋارە بولماقتا.



بۇ تازىلىقچى ئايال ئىشخانا تازىلىماقتا، ئۇ باشقىلار ئىشقا كېلىشتىن بۇرۇن بۇ يەرنى پاكىز تازىلاپ رەتلەپ قويىدۇ.



تازىلىق ئىشچىلىرى ئەخلەت ساندۇقلىرىنى بوشىتىپ، ئەخلەتلەرنى ئېلىپ كېتىدۇ.

# باغچە

دەم ئېلىش كۈنلىرى، كىشىلەر باغچە ۋە گۈللۈكلەرگە بېرىپ سەيلە قىلىدۇ ۋە ئوينايدۇ. باغۋەنلەر بۇ جايلارنى چىرايلىق قىلىپ ياسىۋېتىدۇ.



باغۋەنلەرنى ھەقىقىي باغۋەنچىلىك سەنئەتكارلىرى دېيىشكە بولىدۇ. قاراڭ، ئۇلار چاتقاللىقنى قايچىلاپ ھەرخىل ھايۋانلارنىڭ شەكلىنى ياساپ چىقىپتۇ، ئۇلارغا قارىسىڭىز خۇددى تىرىكتەكلا كۆرۈنىدۇ.







باغۋەن پارنىكتا گۈل مايسىلىرىنى يېتىشتۈرمەكتە.




كىشىلەر دەرەخلەرنىڭ تۈۋىگە قاراماي ياتقۇزماي، تۇپا يەرنى چەمبەر شەكلىدە قالدۇرۇپ قويغان بولۇپ، يامغۇر سۈيى بۇ يەردىن دەرەخ يىلتىزىغا بارىدۇ.

www.uyghurkitap.com



مەجمۇئە ئىسمى: يېڭى بىلىم كۇتۇپخانىسى
—— بالىلار بىلىم خەزىنىسى
كىتاب ئىسمى: گۈزەل شەھەرلەر
مەسئۇل مۇھەررىرى: مەرھابا مۇھەممەت
كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: داڭ خۇڭ
نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل - سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
فورماتى: 1092 × 787 م م 1/24
باسما تاۋىقى: 4
نەشرى: 2009 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2009 - يىل 7 - ئاي 1 - قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-80744-940-9
باھاسى: 12.00 يۈەن

يېڭى بىلىم كۈتۈپخانىسى
—— بالىلار بىلىم خەزىنىسى

# گۈزەل شەھەرلەر

ISBN 978-7-80744-940-9
9 787807 449409 >
定价：12.00 元